# شەھەر ـ يېزىلار كۆكەردى ھەممە جاي يېشىللىققا پۈركەندى

(بېشى 1 ـ بەتتە)

مۆلچەرلىنىشچە، بۇ يىلنىڭ ئاخىرىغىچە، ئۈرۈمچى شەھىرىدە يېڭىدىن 36 مىليون تۈپتىن ئارتۇق غوللۇق دەرەخ، چاتقال كۆپەيتىلىدىكەن. ئاھالىلەرنىڭ ھويلا ـ ئارانى، كوچا بويىدىكى يېشىللىق، كىچىك سەيلە باغچىسى، كىچىك يېشىل يول قاتارلىق يېڭىدىن كۆپەيتىلگەن 60 مىڭ مو يېشىللىق شەھەر ئاھالىلىرىنىڭ كۈندىلىك تۇرمۇشىغا سىڭىپ كىرىدىكەن، يېڭىدىن كۆپەيگەن ئومۇمىي كۆلەم 131 خەلق باغچىسىغا باراۋەر كېلىدىكەن.

بۇنداق «يېشىللىقنى سىڭدۈرۈش»نى ئاپتونوم رايونىمىزنىڭ شەھەر قۇرۇلۇشىدا ھەممىلا يەردە ئۇچرىتىقلى بولىدۇ. تۇرپان شەھىرى ئىدىقۇت رايونىدىكى شۆيپۇن مەيدانىدا، سۈنئىي كۆل يۈزى دولقۇنلاپ كۆزنى چاقنىتىپ تۇرىدۇ، تۈرلۈك غوللۇق دەرەخ ۋە چاتقاللار ئۆز ئارا ماسلاشقان بولۇپ، شەھەر ئاھالىلىرىنى ئارام ئالىدىغان ياخشى جاي بىلەن تەمىنلىدى. بۇ شەھەر شەھەر رايونىنىڭ ئۇل ئەسلىھە قۇرۇلۇشىنى ئۈزلۈكسىز مۇكەممەللەشتۈرۈپ، باغ ـ ئورمانلاشتۇرۇش، كۆكەرتىش ۋە ئېكولوگىيەلىك مۇھىتنى ئاسراش سالمىقىنى زورايتىپ، دۆلەت دەرىجىلىك باغ ـ ئورمانلاشقان شەھەر قۇرۇپ چىقتى، شەھەر ئاھالىلىرى 500 مېتىر ماڭسىلا، يېشىل بوشلۇققا قەدەم قويالايدۇ.

باشنى كۆتۈرسىلا يېشىللىقنى كۆرگىلى بولىدۇ، ئىشىكتىن چىقسىلا گۈللەر كۆزگە تاشلىنىپ تۇرىدۇ، شەھەرنىڭ گۈزەللىكى بۇنىڭ بىلەنلا چەكلىنىپ قالمىدى. 2019 ـ يىلى ئاپتونوم رايونىمىز شەھەر كۆكەرتىش نىزامىنى يولغا قويۇش چارىسىگە تۈزىتىش كىرگۈزۈپ، مۇكەممەللەشتۈرۈپ، شەھەر كۆكەرتىش مەسئۇل تارماقلىرىنىڭ فۇنكسىيەسى، ۋەزىپە ـ مەسئۇلىيىتىنى ئايدىڭلاشتۇرغاندىن سىرت، يەنە شەھەر كۆكەرتىش قۇرۇلۇشى ۋە باشقۇرۇشنى كۈچەيتىش، ئولتۇراقلىشىشقا باب كېلىدىغان شەھەر قۇرۇش، ئېكولوگىيە مەدەنىيلىكى قۇرۇلۇشىنى ئىلگىرى سۈرۈش قاتارلىق جەھەتلەردە تېخىمۇ يۇقىرى تەلەپلەرنى ئوتتۇرىغا قويدى. ھەرقايسى جايلار شەھەر ـ يېزا ئېكولوگىيە قۇرۇلۇشىنى زور كۈچ بىلەن ئالغا سىلجىتىپ، شەھەر ـ بازار ئەتراپى، مەركىزىي شەھەر رايونىدىكى يېشىللىق قۇرۇلۇشىنى مۇۋاپىق پىلانلاپ يولغا قويۇپ، شەھەر ـ بازارلاردىكى يوللار، ئولتۇراق رايونلار، تۈرلۈك باغچىلار، دالا ئىستىراھەت مەيدانى ـ سورۇنلىرىنى كۆكەرتىشنى ياخشى تۇتۇپ، يېشىللىقنى شەھەرگە كىرگۈزۈش، يېشىللىقنى تاغقا چىقىرىشنى ئالغا سىلجىتىپ، شەھەرلەرنىڭ ئىقتىدارى ۋە ئوبرازىنى ئۈزلۈكسىز ئۆستۈردى.

ئاپتونوم رايونلۇق تۇرالغۇ ۋە شەھەر ـ يېزا قۇرۇلۇشى نازارىتى تەمىنلىگەن سانلىق مەلۇماتتا كۆرسىتىلىشىچە، ھازىرغىچە، پۈتۈن ئاپتونوم رايوندا دۆلەتلىك باغ ـ ئورمان شەھىرىدىن جەمئىي 15ى، دۆلەتلىك باغ ـ ئورمان ناھىيە بازىرىدىن 22سى بار ئىكەن.

## كۆچەت تىكىپ يېشىللىق بەرپا قىلىندى شەھەر ئورمان ئىچىدە بولۇش، ئادەم مەنزىرە ئىچىدە بولۇش ئىشقا ئاشۇرۇلماقتا

باغراش ناھىيەسىنىڭ قايدۇ دەرياسىدىكى دولقۇنلاپ ئېقىپ تۇرغان زۇمرەتتەك سۈزۈك سۇ، دەريا بويىدا سايە تاشلاپ تۇرغان ياپيېشىل دەرەخلەر شۇ جايدىكى بىر گۈزەل مەنزىرىگە ئايلاندى.

«ناھىيەنى ئېكولوگىيە ئارقىلىق قۇرۇش، ناھىيەنى ساياھەت ئارقىلىق گۈللەندۈرۈش، يېشىللىق قەد كۆتۈرۈش، ماس قەدەمدە ھاللىق سەۋىيەگە يېتىش» تەرەققىيات نىشانىنى چۆرىدەپ، باغراش ناھىيەسى قايدۇ دەرياسى ئېكولوگىيە مەنزىرە بەلبېغى قۇرۇلۇشىنى زورايتىپ، ناھىيە بازىرىدىكى ئۈچ توغرىسىغا، ئالتە ئۇزۇنىسىغا كېلىدىغان سۇ سىستېمىسىنىڭ جايلىشىشىنى مۇكەممەللەشتۈرۈپ، «سۇ شەھەردە ئاقىدىغان، شەھەر سۇدا ئەكس ئېتىدىغان، ئادەملەر سۇ بويىدا ماڭىدىغان» يېشىل يۆگىمە رەسىمنى شەكىللەندۈردى.

«شەھەر ئورمان ئىچىدە بولۇش، يول يېشىللىق ئىچىدە بولۇش، ئۆي باغ ئىچىدە بولۇش، ئادەم مەنزىرە ئىچىدە بولۇش»تىن ئىبارەت كۆكەرتىش ۋەزىيىتى ئاپتونوم رايونىمىزنىڭ شەھەر ـ يېزا ئېكولوگىيە قۇرۇلۇشىنى زور كۈچ بىلەن ئالغا سىلجىتىشتىكى بىر چوڭ يارقىن نۇقتا.

بۆلتۈر، ئاقسۇ ۋىلايىتى ئولتۇراقلىششقا باب كېلىدىغان، ئىشقا ئورۇنلىشىش ـ ئىگىلىك تىكلەشكە باب كېلىدىغان باغچە شەھەرلىك ئورنىنى كۆزلەپ، ئېكولوگىيەلىك ئولتۇراقلىششقا باب كېلىدىغان بوشلۇق ۋەزىيىتىنى تىرىشىپ بەرپا قىلدى. ئاقسۇ شەھىرى ئاھالىسى ۋۇ دىلۇ بۇنى ناھايىتى چوڭقۇر ھېس قىلدى: «ئىچكىرى رايوندىكى نۇرغۇن دوستلار بىزنى قۇملۇققا يېقىن، سۇيى قىس، يېشىللىقى ئاز، دەپ قارايدۇ، ئەمەلىيەتتە كۆپ يىل قۇرۇش ئارقىلىق، ئاقسۇ يېشىللىققا پۈركەندى.» ھەقىقەتەن شۇنداق، ئاقسۇ ۋىلايىتىنىڭ چۆللۈكنى كۆكەرتىش قۇرۇلۇشى ھەر مىللەت ئاممىنى ھەقىقىي ئېرىشىش تۇيغۇسىغا ئىگە قىلدى. دولان دەرياسى مەنزىرە رايونى شەھەر رايونىنى كېسىپ ئۆتكەن، دۆڭچېڭ باغچىسى، توغراق باغچىسى، فېڭچۈەنخې باغچىسى، بەخت باغچىسى، تەنتەربىيە باغچىسى ھەم ئورمان باغچىسى، سۇلۇق يەر باغچىسى قاتارلىقلار ھەر تەرەپتىن ئوراپ تۇرىدۇ، كوچىلاردىكى سەيلە باغچىلىرى خۇددى مەرۋايىتتەك چېچىلىپ ھۆسن قوشقان، شەھەرنىڭ تۆت كىرىش ـ چىقىش ئېغىزىدىكى مەنزىرە بەلبېغى يېشىللىق بىلەن ئورالغان بولۇپ، شەھەرنىڭ ئېكولوگىيەلىك مۇھىتى ئۈزلۈكسىز ياخشىلاندى.

بۇنىڭدىن كېيىن، ئاپتونوم رايونىمىز يەنە ئېتىز ـ ئېرىق ئىھاتە ئورمىنىنى ئەسلىگە كەلتۈرۈش، ئۆزگەرتىش قۇرۇلۇشى ۋە كەنتلەرنى كۆكەرتىش ـ گۈزەللەشتۈرۈشنى كۆچەت تىكىپ ئورمان بىنا قىلىش، دۆلەت زېمىنىنى كۆكەرتىشنىڭ مۇھىم نۇقتىسى قىلىپ، يەرلىك دەرەخ تۈرلىرىنى ئاساس قىلىپ، ھۆكۈمەت كۆچەت بىلەن تەمىنلەش، ئاممىنى كۆچەت تىكىشكە سەپەرۋەر قىلىش شەكلىنى قوللىنىپ، 2022 ـ يىلىغا بارغاندا، 950 مىڭ مو ئېتىز ـ ئېرىق ئىھاتە ئورمىنىنى ئەسلىگە كەلتۈرۈش، ئۆزگەرتىش قۇرۇلۇشى ۋەزىپىسىنى تاماملايدۇ ھەم كەنتلەرنى كۆكەرتىش ـ گۈزەللەشتۈرۈش قۇرۇلۇشى ۋەزىپىسىنى ئاساسىي جەھەتتىن تاماملايدۇ.

## يېشىللىق قوشۇلۇپ رەڭدارلىق كۆپەيدى گۈزەل يېزا ـ كەنتلەردە قۇشلار سايراپ، گۈللەر خۇش پۇراق چاچتى

بۇ يىلدىن بۇيان، باركۆل قازاق ئاپتونوم ناھىيەسى ۋەتەنپەرۋەرلىك تازىلىق ھەرىكىتىنى قانات يايدۇرۇشنى ھويلا ـ ئارانلارنى تۈزەش، گۈزەل يېزا ـ كەنت قۇرۇلۇشى بىلەن بىرلەشتۈرۈپ، ئائىلىلەردىكى ھاجەتخانىلارنى ئۆزگەرتىش، تۇرمۇش ئەخلەتلىرىنى تۈزەش، تۇرمۇش پاسكىنا سۇلىرىنى بىر تەرەپ قىلىش، «ئۈچ رايون»نى ئايرىش قاتارلىق قۇرۇلۇشلارنى يولغا قويۇش ئارقىلىق، يېزا ـ كەنتلەرنىڭ ئولتۇراقلىشىش مۇھىتىنى كۆرۈنەرلىك ياخشىلىدى. كۈيسۇ بازىرى چارۋىچىلىق كەنتىنىڭ كەنت ئاھالىسى سەيدىخان داۋلەت مۇنداق دېدى: «ئۆينىڭ ئىچى ـ تېشى پاكىز، ھەممە ئائىلىنىڭ ھويلا ـ ئارانى يېشىللىققا پۈركەندى، كەنت بارغانسېرى گۈزەللەشتى!»

يېزىلارنىڭ ئولتۇراقلىشىش مۇھىتىنى تۈزەشنىڭ تەدرىجىي چوڭقۇرلىشىشىغا ئەگىشىپ، پۈتۈن شىنجاڭدىكى ھەرقايسى جايلار ئۈنۈملۈك تەدبىرلەرنى قوللىنىپ، تېز ئالغا سىلجىتتى، كەنتلەرنى پاكىزلاش ھەرىكىتىنىڭ ئومۇملىشىش نىسبىتى 100%كە يەتتى، 9180 مەمۇرىي كەنتنىڭ كەنت قىياپىتى كۆرۈنەرلىك ياخشىلاندى.

لوپ ناھىيەسىنىڭ چارباغ يېزىسى كۇچا ئېرىق كەنتىدىكى ھەممە ئائىلىنىڭ ئىشىكى ئالدىغا بىرى قىزىل، بىرى كۆك ئىككى ئەخلەت ساندۇقى قويۇلغان بولۇپ، تۇرمۇش ئەخلەتلىرى ۋە يىغىۋالغىلى بولىدىغان باشقا ئەخلەتلەرنى قويۇشقا ئىشلىتىلىدۇ. يولنىڭ ئىككى تەرىپىگە ئۈژمە تىكىلگەن، دېھقانلارنىڭ ھويلىسىدا ھەر خىل ئۆسۈملۈكلەر باراقسان ئۆسكەنىدى.

«كەنتتە تۇرغاندىن بۇيان، بىز ياخشى كەنت، ياخشى يول، ياخشى مېۋىلىك باغ، ياخشى ئورمان بەلبېغى، ياخشى ھويلا ـ ئاران، ياخشى مۇھىت بەرپا قىلىش ئارقىلىق، ئولتۇراقلىشىش مۇھىتىنى ئۆزگەرتىشنى ئۈنۈملۈك ئىلگىرى سۈردۇق.» ئاپتونوم رايونلۇق پارتىيە كومىتېتى سىياسەت تەتقىقات ئىشخانىسىدىن بۇ كەنتتە تۇرۇشلۇق 1 ـ شۇجى خەن جيەنپىڭ مۇنداق دېدى: كەنت «ئىككى كومىتېت»ى ھەم خىزمەت ئەترىتى نامراتلىقتىن قۇتۇلدۇرۇش ئۆتكۈلىگە ھۇجۇم قىلىش بىلەن گۈزەل يېزا ـ كەنت قۇرۇلۇشىنى ئورگانىك بىرلەشتۈرۈپ، گۈل ئۆستۈرۈپ، دەرەخ تىكىپ، گۈزەللەشتۈرۈپ، كۆكەرتىپ، كەنت قىياپىتىنى ياخشىلاشقا كۈچ سەرپ قىلدى.

بۇ يىل ئاپتونوم رايونىمىزدىكى سەككىز نازارەت، ئىدارە بىرلىشىپ «ئاپتونوم رايوننىڭ ئېتىز ـ ئېرىق ئىھاتە ئورمىنى قۇرۇلۇشى ھەم كەنتلەرنى كۆكەرتىش، گۈزەللەشتۈرۈش لايىھەسى»نى بېسىپ تارقىتىپ، ئېتىز ـ ئورماننى تورلاشتۇرۇش قۇرۇلۇشى ۋە كەنتلەرنى كۆكەرتىشنى مۇھىم نۇقتا قىلىپ، دۆلەت زېمىنىنى كۆكەرتىشنى چوڭقۇر ئالغا سىلجىتىپ، ئالدىنقى يېرىم يىلدا 1104 كەنتتە كۆكەرتىش، گۈزەللەشتۈرۈش قۇرۇلۇشىنى قانات يايدۇردى، كەنتلەرنىڭ «تۆت ئەتراپى»نىڭ كۆكەرتىلىش كۆلىمى 82 مىڭ موغا يەتتى.

ئاپتونوم رايونىمىز بۇ يىل يەنە كەنتلەرنى پاكىزلاش ھەرىكىتىنى ئومۇميۈزلۈك ئالغا سىلجىتىپ، يېزىلاردىكى تۇرمۇش ئەخلەتلىرىنى بىر تەرەپ قىلىش، يېزىلاردىكى پاسكىنا سۇنى تۈزەشنى بىرتۇتاش پىلانلاپ ئالغا سىلجىتىپ، يېزا ھاجەتخانا ئىنقىلابىنى پۇختا قەدەم بىلەن ئالغا سىلجىتىپ، يېزىلارنىڭ ئولتۇراقلىشىش مۇھىتىنى تۈزەش ئۈچ يىللىق ھەرىكىتىنىڭ نىشان ـ ۋەزىپىسىنى ئومۇميۈزلۈك تاماملايدۇ، يېزا ـ كەنتلەر پاكىز، رەتلىك قىياپەت بىلەن ئومۇميۈزلۈك ھاللىق جەمئىيەتكە قەدەم قويىدۇ.

# «بېيدوۇ»نى كەسپلەشتۈرۈپ قوللىنىش ئاپتونوم رايونىمىزنىڭ يۇقىرى سۈپەتلىك تەرەققىياتىغا ئېنېرگىيە قوشتى

(بېشى 1 ـ بەتتە)

قاتناش سىستېمىسى ئاپتونوم رايونىمىزدا بېيدوۇ سۈنئىي ھەمراھ يول باشلاش سىستېمىسىنى ئەڭ بۇرۇن قوللانغان ساھەلەرنىڭ بىرى، بېيدوۇ سۈنئىي ھەمراھىنى قوللانغان دەسلەپكى مەزگىللەردىلا شىنجاڭ ئاممىۋى قاتناش سۈنئىي ھەمراھ يول باشلاش ـ نازارەت قىلىش ـ كۆزىتىش ئۈلگە كۆرسىتىش سىستېمىسى قۇرۇلۇپ، ئاپتونوم رايوننىڭ قاتناش باشقۇرۇش تارماقلىرى، ترانسپورت كارخانىلىرى ۋە ئاممىۋى ئابونتچىلارنى ئاپتوموبىللارنى نازارەت قىلىش ـ كۆزىتىش، باشقۇرۇش مۇلازىمىتى بىلەن تەمىنلىدى.

دېھقانچىلىق، چارۋىچىلىق ساھەسىدە، 10 مىڭدىن ئارتۇق يېزا ئىگىلىك ماشىنىلىرىدا «بېيدوۇ» ئىشلىتىلىپ، يېزا ئىگىلىك ئىشلەپچىقىرىشىغا ئالەمشۇمۇل ئۆزگىرىش ئېلىپ كەلدى. بۇنىڭدىن باشقا، بېيدوۇ يول باشلاش تېخنىكىسى سۇ تېجەش ئۈنۈمى ئىقتىدارىنى ئۈنۈملۈك ئۆستۈرۈپ، چەت، ياقا يېزىلارنىڭ خەۋەرلىشىش ۋە چارۋىلارنى ئوتلاق كۆچۈرۈش مەسىلىسىنى ھەل قىلدى.

بىخەتەر ئىشلەپچىقىرىش ساھەسىدە، بېيدوۇ يول باشلاش تېخنىكىسىنى قوللىنىش شىنجاڭدا دالىدا مەشغۇلات قىلىدىغان خادىملارنىڭ خىزمەت پونكىتى بىلەن ئالاقىسىنى راۋانلاشتۇرۇش، خادىملار بىلەن ئاپتوموبىللارنىڭ ئورنىنى تېز، توغرا كۆچمە نازارەت قىلىش ـ كۆزىتىش، ناچار ھاۋا رايى ۋە تۇيۇقسىز ئاپەت يۈز بەرگەندە جىددىي سىگنال بېرىش، ئىشلەپچىقىرىش ھادىسىسى يۈز بەرگەندە قۇتقۇزۇش ـ ياردەم بېرىشكە قوماندانلىق قىلىش ۋە ئىزدەپ قۇتقۇزۇش قاتارلىقلارنى ئىشقا ئاشۇردى.

ساياھەت ساھەسىدە، شىنجاڭ بېيدوۇ سىستېمىسى ئاساسىدىكى پۈتۈن رايون ساياھەت بۇلۇتى ئارقىلىق يېتەكلەشنى تەتقىق قىلىپ ئېچىپ، يۇقىرى ئېنىقلىقتىكى ئورۇن بەلگىلەش ئارقىلىق، تۇردا ھەرقايسى مەنزىرە رايونلىرىنىڭ ساياھەت يول لىنىيەسىنى تەسىس قىلىپ بېكىتىشى، ئېلېكترونلۇق قاشا تەسىس قىلىشى، تېخى ئېچىۋېتىلمىگەن مەنزىرە رايونلىرىنى قوغدىشىغا ياردەم بەردى.

ئاممىۋى قوللىنىش جەھەتتە، بېيدوۇ ئاساسىدىكى يول باشلاش مۇلازىمىتى ئېلېكترونلۇق سودا ئىشلىرى، ئەقلىي ئىقتىدارلىق تېلېفون، ئورۇن مۇلازىمىتى قاتارلىق زاۋۇتلار، سودىگەرلەر تەرىپىدىن قوللىنىلىپ، ئاممىۋى ئىستېمال ۋە خەلق تۇرمۇشى ساھەسىگە كەڭ كۆلەمدە كىرگۈزۈلدى، مەسىلەن، دالا ساياھەتچىلەر تېرمىنالى، ئوقۇغۇچىلار كارتىسى، ياشانغانلار كارتىسى ۋە ئېلېكترونلۇق قاشا قاتارلىقلار.

«ھازىر ئاپتونوم رايونىمىز بېيدوۇ يول باشلاش كەسپىنى شىنجاڭدا چوڭقۇر قوللىنىشنى پائال پىلانلاۋاتىدۇ ۋە ئۇنىڭغا پائال تۈرتكە بولۇۋاتىدۇ.» ئاپتونوم رايونلۇق سانائەت ۋە ئۇچۇرلاشتۇرۇش نازارىتى سۈنئىي ھەمراھتىن پايدىلىنىش مەركىزىنىڭ مۇدىرى ۋاڭ شۆفېڭ مۇنۇلارنى بىلدۈردى: ئاپتونوم رايونىمىز بېيدوۇ سانلىق مەلۇمات سۈپىتىنى تىرىشىپ بەرپا قىلىپ، يەنىمۇ ئىلگىرىلىگەن ھالدا سۈنئىي ھەمراھ ئارقىلىق يول باشلاش كەسپى بىلەن ياسىمچىلىق، يۇمشاق دېتال كەسپى ۋە زامانىۋى مۇلازىمەت كەسپىنىڭ يۇغۇرما تەرەققىياتىنى ئىلگىرى سۈرۈپ، بېيدوۇ يول باشلاش سىستېمىسىنىڭ تېخىمۇ كەڭ دائىرىدە ئەمەلىيلەشتۈرۈشنى ئىلگىرى سۈرۈپ، سۈنئىي ھەمراھتىن پايدىلىنىشنى كەسپلەشتۈرۈش كۆلىمىنى زورايتىۋاتىدۇ، كۈچەيتىۋاتىدۇ. شۇنىڭ بىلەن بىللە، شىنجاڭ بېيدوۇ كەسپلەر ئىتتىپاقىنى بەرپا قىلىپ، شىنجاڭ بوشلۇق ئۇچۇر كەسپى ئۈلگە كۆرسىتىش رايونىنى بەرپا قىلىپ، شىنجاڭنىڭ رەقەملىك ئىقتىسادىنىڭ تېز ئۆزگەرتىپ تەرەققىي قىلىشىغا كۈچ قوشىدۇ.

# يادرولۇق رايون قۇرۇلۇشىنى يۇقىرى سۈپەتتە ئالغا سىلجىتايلى

(بېشى 1 ـ بەتتە)

چېگرا ھالقىغان ئېلېكترونلۇق سودا ئىشلىرى ئۇنىۋېرسال سىناق رايونى قۇرۇلۇشى سۈرئىتىنىڭ ئۈزلۈكسىز تېزلىتىلىشىدىن قەشقەر، قورغاس ئىقتىسادىي تەرەققىيات رايونلىرى ئۇل ئەسلىھەلىرىنىڭ ئۈزلۈكسىز مۇكەممەللىشىشىگىچە، داۋاملاشقان يىغىپ توپلاش ـ يىغىپ توشۇش نۆۋەتچى پويىزىنىڭ قاتنىشىدىن 190 دۆلەت ۋە رايون بىلەن ئىقتىساد ـ سودا ئالاقىسىنى قانات يايدۇرۇشقىچە، ئەسلىھەلەرنى ئۆز ئارا تۇتاشتۇرۇشتىن ئەل قەلبىنى تۇتاشتۇرۇشقىچە... يادرولۇق رايون قۇرۇلۇشىنىڭ چوڭقۇر، پۇختا قەدەم تاشلىشىغا ئەگىشىپ، شىنجاڭ ئىلگىرىكى ئىچكى قۇرۇقلۇقتىكى «يانچۇق تېگى»دىن دۆلەتنىڭ غەربكە ئېچىۋېتىشتىكى دەرۋازىسى ۋە ئالدىنقى سېپىگە ئايلاندى. پەقەت يېڭى تەرەققىيات ئىدىيەسىدە چىڭ تۇرۇپ، يادرولۇق رايون قۇرۇلۇشىنى يۇقىرى سۈپەتتە ئالغا سىلجىتقاندىلا، شىنجاڭ ئۆزىنىڭ رايون ئورنى، بايلىق، مۇھىت قاتارلىق ئەۋزەللىكلىرىنى ئىقتىسادىي تەرەققىيات ئەۋزەللىكىگە ئايلاندۇرالايدۇ.

يادرولۇق رايون قۇرۇلۇشىنى يۇقىرى سۈپەتتە ئالغا سىلجىتىشتا، مۇھىم، زور پۇرسەتنى ئىگىلەش كېرەك. 2014 ـ يىلدىن بۇ يىل 6 ـ ئايغىچە، ئاپتونوم رايونىمىزدا جەمئىي 3678 جۇڭگو ـ ياۋروپا نۆۋەتچى پويىزى قاتناپ، يىلدا ئوتتۇرا ھېساب بىلەن 80%تىن كۆپرەك ئاشتى؛ 2014 ـ يىلدىن 2019 ـ يىلغىچە، پۈتۈن ئاپتونوم رايون بويىچە 129 مىليارد 690 مىليون دوللار تاشقى سودا سوممىسى ئىشقا ئاشۇرۇلدى... سانلارنىڭ كەينىدىكىسى يادرولۇق رايون قۇرۇلۇشىنىڭ جۇشقۇن ھاياتىي كۈچىنىڭ نامايەندىسى، تېخىمۇ مۇھىمى غايەت زور پۇرسەتنىڭ قويۇپ بېرىلگەنلىكى. بۇ يىل مەملىكەتلىك ئىككى يىغىن ئېچىلىش ئالدىدا، «جۇڭگو كوممۇنىستىك پارتىيەسى مەركىزىي كومىتېتى، گوۋۇيۈەننىڭ يېڭى دەۋردە غەربىي قىسمىنى كەڭ ئېچىشتا يېڭى ئەندىزە شەكىللەندۈرۈشنى ئالغا سىلجىتىش توغرىسىدىكى يېتەكچى پىكرى» چىقىرىلدى، بۇنىڭ ئىچىدە «شىنجاڭنىڭ يىپەك يولى ئىقتىساد بەلبېغى يادرولۇق رايونى قۇرۇلۇشىنى تېزلىتىشكە مەدەت بېرىپ، غەربكە يۈزلەنگەن قاتناش تۈگۈنى ۋە سودا ـ ئەشيا ئوبوروتى، مەدەنىيەت ـ پەن ـ مائارىپ، داۋالاش ـ مۇلازىمەت مەركىزىنى شەكىللەندۈرۈش» تىلغا ئېلىندى. يادرولۇق رايون قۇرۇشتىكى مۇھىم، زور ئىستراتېگىيەلىك پۇرسەت، قىممەتلىك سىياسەت پۇرستى ۋە ئالاھىدە تارىخىي پۇرسەتنى چىڭ تۇتۇپ، دۆلەتنىڭ ئومۇمىي نىشانىنى چىڭ كۆزلەپ، مۇقىملىق پايدىسى ۋە ئىسلاھات پايدىسىنى سىجىل قويۇپ بېرىپ، مۇھىم، زور تۈر قۇرۇلۇشلىرى ۋە نۇقتىلىق كەسىپلەر تەرەققىياتىنى پائال ئالغا سىلجىتقاندىلا، دۆلەتنىڭ «بىر بەلباغ، بىر يول» قۇرۇلۇشى چوڭ ۋەزىيىتىگە مۇلازىمەت قىلىش داۋامىدا يادرولۇق رايون قۇرۇلۇشىنىڭ ساغلام تەرەققىياتىنى ئىشقا ئاشۇرغىلى بولىدۇ.

يادرولۇق رايون قۇرۇلۇشىنى يۇقىرى سۈپەتتە ئالغا سىلجىتىشتا، نىشان ـ ۋەزىپىلەرنى ئايدىڭلاشتۇرۇش كېرەك. «بىر پورت، ئىككى رايون، بەش چوڭ مەركەز، پورت ئىقتىساد بەلبېغى» قۇرۇلۇشىنى ئالغا سىلجىتىشنى نىشان يېتەكچىلىكى قىلىپ، جۇڭگو ـ ياۋروپا نۆۋەتچى پويىزىدىن ياخشى پايدىلىنىپ، بايلىقلارنى بىرىكتۈرۈشنى يەنىمۇ كۈچەيتىپ، كەسىپلەرنىڭ تەرەققىياتىغا تۈرتكە بولۇپ، ئۈرۈمچى خەلقئارا قۇرۇقلۇق پورت رايونى قۇرۇلۇشىنى تېز ئالغا سىلجىتىش؛ سىياسەت ئەۋزەللىكىنى جارى قىلدۇرۇپ، باغچە رايوندىكى كەسىپلەرنى زورايتىپ، ئىسلاھاتتا يېڭىلىق يارىتىشنى چوڭقۇرلاشتۇرۇپ، قورغاس، قەشقەر ئىقتىسادىي تەرەققىيات رايونى قۇرۇلۇشىنى تېز ئالغا سىلجىتىش؛ نۇقتىلىق تۈر قۇرۇلۇشلىرىنى تىرەك قىلىپ، قاتناش تۈگۈنى مەركىزى، سودا ئەشيا ئوبوروتى مەركىزى، رايون پۇل مۇئامىلە مەركىزى، مەدەنىيەت ـ پەن ـ مائارىپ مەركىزى، داۋالاش مۇلازىمىتى مەركىزى قۇرۇلۇشىنى تېز ئالغا سىلجىتىش؛ پەرقلىق ماس تەرەققىي قىلدۇرۇشتا چىڭ تۇرۇپ، تاموژنىدىن ئۆتكۈزۈش ئىقتىدار قۇرۇلۇشىنى كۈچەيتىپ، تەسىر كۆرسىتىش، يېتەكلەش ئىقتىدارىنى جارى قىلدۇرۇپ، «پورت ئىقتىساد بەلبېغى» قۇرۇلۇشىنى تېز ئالغا سىلجىتىش كېرەك. تۈرلۈك خىزمەتلەرنى پۇختا ئەمەلىيلەشتۈرۈپ، ئىنچىكە ئەمەلىيلەشتۈرۈپ، بىر تۈركۈم ئاچقۇچلۇق، يېتەكلەش خاراكتېرلىك، كۆرۈنەرلىك نەتىجىلەرنى شەكىللەندۈرۈشكە سىجىل تۈرتكە بولغاندىلا، يادرولۇق رايون قۇرۇلۇشىنىڭ يېڭى ۋەزىيىتىنى يارىتىپ، ئىقتىسادىي تەرەققىياتنىڭ يېڭى بوشلۇقىنى كېڭەيتىپ، ئىچكى ـ تاشقى ئېچىۋېتىش يېڭى ۋەزىيىتىنى بەرپا قىلىپ، شىنجاڭ ئىقتىسادىنىڭ يۇقىرى سۈپەتلىك تەرەققىياتىنى ئىشقا ئاشۇرۇشنى كۈچلۈك تىرەك بىلەن تەمىنلىگىلى بولىدۇ.

ئىسلاھاتنى كۆزلىگەنلىك تەرەققىياتنى كۆزلىگەنلىك، ئېچىۋېتىشنى ئىلگىرى سۈرگەنلىك ئورتاق پايدا ئېلىشنى ئىلگىرى سۈرگەنلىك. مەۋقەنى پارتىيە ۋە دۆلەت چوڭ ۋەزىيىتىگە قويۇپ، يادرولۇق رايون قۇرۇلۇشىنى يۇقۇمنىڭ ئالدىنى ئېلىش ـ تىزگىنلەش ۋە ئىقتىساد، جەمئىيەت تەرەققىياتىنى بىرتۇتاش پىلانلاش، سىرتقا ئېچىۋېتىش سەۋىيەسىنى ئومۇميۈزلۈك ئۆستۈرۈش، ئىقتىسادنىڭ يۇقىرى سۈپەتلىك تەرەققىياتىنى ئىلگىرى سۈرۈشتىكى مۇھىم، زور تەدبىر قىلىشتا چىڭ تۇرۇپ، گەۋدىلىك ئورۇنغا قويۇپ، مۇھىم كۈنتەرتىپكە كىرگۈزۈپ، ئىستراتېگىيەلىك ئىرادىنى ساقلاپ، تارىخىي سەۋرچانلىقنى يېتىلدۈرۈپ، دۆلەتنىڭ سىياسەتتىن ياخشى پايدىلىنىش، يىرىك پىلاننى جىپسىلاشتۇرۇشنى ئالغا سىلجىتىش جەھەتتە كۈچ سەرپ قىلىپ، تىجارەت ـ سودا مۇھىتىنى ئەلالاشتۇرۇش، شىنجاڭغا ياردەم بېرىش ئەۋزەللىكىدىن ياخشى پايدىلىنىش جەھەتتە ئەمەلىي تەدبىر قوللانغاندىلا، چوقۇم باش شۇجى شى جىنپىڭنىڭ «ئەگەر يىپەك يولى ئىقتىساد بەلبېغى قۇرۇلسا، شىنجاڭ ئۇنىڭ ئاۋات مەركىزى بولۇپ قېلىشى مۇمكىن» دېگەن گۈزەل ئارزۇسىنى ھېس قىلغىلى بولىدىغان گۈزەل رېئاللىققا ئايلاندۇرغىلى بولىدۇ.